# ئاپتونوم رايونىمىز ئوقۇغۇچىلارغا ئىقتىسادىي ياردەم بېرىش سىياسىتىدە «ئۈچنى تولۇق قاپلاش»نى ئىشقا ئاشۇردى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭنىڭ مائارىپ خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇزاقتىن بۇيان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىلارغا سەمىمىي غەمخورلۇق قىلدى. پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت ئوقۇغۇچىلارغا ئىقتىسادىي ياردەم بېرىش خىزمىتىنى ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلار ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئەڭ بىۋاستە، ئەڭ رېئال مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتىكى خەلق تۇرمۇشى قۇرۇلۇشى سۈپىتىدە تۇتۇپ، يەسلى مائارىپىدىن ئاسپىرانتلار مائارىپىغىچە بىرقەدەر مۇكەممەل بولغان ئوقۇغۇچىلارغا ئىقتىسادىي ياردەم بېرىش سىياسىتى سىستېمىسىنى تەدرىجىي ئورنىتىپ، تاكامۇللاشتۇردى. نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونىمىز «كەچۈرۈم قىلىش، مۇكاپاتلاش، ياردەم پۇلى بېرىش، قەرز بېرىش، ياردەم تولۇقلىمىسى بېرىش» كۆپ بىر گەۋدىلەشكەن ئوقۇغۇچىلارغا ئىقتىسادىي ياردەم بېرىش سىياسىتى سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرۈپ، مائارىپ باسقۇچلىرىنى تولۇق قاپلاش، ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى، پۇقرالار باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپلەرنى تولۇق قاپلاش، ئائىلىسىدە ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلارنى تولۇق قاپلاشتىن ئىبارەت «ئۈچنى تولۇق قاپلاش»نى ئىشقا ئاشۇردى.

ئوقۇغۇچىلارغا ئىقتىسادىي ياردەم بېرىشتە «بىرنىمۇ كەم قالدۇرماسلىق، بىرنىمۇ چۈشۈرۈپ قويماسلىق»قا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونىمىز ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت(ئوبلاست، شەھەر)، ناھىيە(شەھەر، رايون) ۋە مەكتەپتىن ئىبارەت تۆت دەرىجىلىك ئوقۇغۇچىلارغا ئىقتىسادىي ياردەم بېرىش باشقۇرۇش سىستېمىسى ئورنىتىپ، «دەل جايىدا ئىقتىسادىي ياردەم بېرىش» ئىدىيەسىنى ئوقۇغۇچىلارغا ئىقتىسادىي ياردەم بېرىش خىزمىتىنىڭ پۈتۈن جەريانىغا سىڭدۈرۈپ، ئىقتىسادىي ياردەم بېرىش ئوبيېكتلىرىنىڭ دەل جايىدا بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، يېتىم، مېيىپ ئوقۇغۇچىلار، تۆۋەن كاپالەتلىك ئائىلىلەر، ئاپەت سەۋەبىدىن نامراتلىشىپ كەتكەنلەر قاتارلىق ئالتە تۈرلۈك كىشىلەر توپىنى ئىقتىسادىي ياردەم بېرىش دائىرىسىگە كىرگۈزدى.

ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتىنىڭ مۇناسىۋەتلىك مەسئۇلى مۇنداق بىلدۈردى: ئوقۇغۇچىلارغا ئىقتىسادىي ياردەم بېرىش سىياسىتىنىڭ كۈچلۈك يولغا قويۇلۇشى ئائىلىسىدە ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىقتىسادىي يۈكىنى زور دەرىجىدە يەڭگىللىتىپ، نۇرغۇن نامرات ئائىلىگە ئۈمىد بېغىشلاپ، مائارىپ ئارقىلىق نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەشنى ئىلگىرى سۈرۈش، نامراتلىقنىڭ ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملىشىشىنى توسۇش، ئۈزۈۋېتىشتە مۇھىم رول ئوينىدى.

# جەم بولۇش ئەڭ بەختلىك ناخشا ئېيتىپ مول ھوسۇلنى تەبرىكلەش

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يەنە قوشنىلار ئارىسىدىكى ھېسسىياتنى كۈچەيتىدۇ» دېدى شىنجاڭ قۇرۇلۇش شۆيۈەنىنىڭ شاتى مەھەللە كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى، 1 ـ شۇجى ياڭ لېي.

شۇ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، تۇرپان شەھىرىنىڭ پىچان ناھىيەسى پىچان بازىرى كىچىك كەنتىدىكى كەنت ئاھالىلىرى پائالىيەت ئۆيىدىن خۇشال كۈلكە سادالىرى ياڭراپ تۇراتتى، «چېۋەر قوللىرىمىز بىلەن يۈبىڭ پىشۇرۇپ، جۇڭچيۇ بايرىمىنى تەبرىكلەيمىز» «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولايلى» تېمىسىدىكى بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتى بۇ يەردە ئۆتكۈزۈلۈۋاتاتتى. پىچان ناھىيەسى بازار نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ كىچىك كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەزالىرى، قوشماقلىشىپ تۇغقانلاشقان كادىرلار ۋە كەنت ئاھالىلىرى بىر يەرگە خۇشال جەم بولۇپ، بىرلىكتە يۈبىڭ پىشۇرۇپ، ئىتتىپاقلىق، دوستلۇقنى ئورتاق بايان قىلدى.

«جۇڭچيۇ جەم بولىدىغان كۈن، كۆپچىلىك خۇددى بىر ئائىلە كىشىلىرىگە ئوخشاش قىزغىن كەيپىياتتا يۈبىڭ پىشۇردۇق، پىشۇرغان يۈبىڭلىرىمىز ناھايىتى يېيىشلىك بولۇپتۇ» دېدى كەنت ئاھالىسى تۇرسۇنخان توختى خۇشال ھالدا. كۆپچىلىكنىڭ ناھايىتى خۇش بولغانلىقىنى كۆرگەن پىچان ناھىيەلىك بازار نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ كىچىك كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى، 1 ـ شۇجى ياڭ يۇڭجۈن مۇنداق دېدى: «كۆپچىلىكنىڭ جۇڭخۇا ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا چۈشىنىپ، ھەمتۇرتكە بولۇش داۋامىدا ھېسسىياتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، بۇ چوڭ ئائىلىنىڭ تېخىمۇ ئىتتىپاق، تېخىمۇ ئىناق بولۇشىنى ئۈمىد قىلىپ، جۇڭچيۇ بايرىمىدا كۆپچىلىكنى بىر يەرگە جەم قىلدۇق».

### ■ ئەمەلىي قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىش

جۇڭچيۇ بايرىمى كۈنى، ئاقسۇ شەھىرىنىڭ جەنۇبىي شەھەر كوچا باشقارمىسى يويېز ئىستانسىسى مەھەللىسىنىڭ ئاھالىسى پاتىگۈل قادىر ئاقسۇ شەھەرلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىدىكى تۇغقىنىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن جەم بولۇش پۇرسىتىدىن ۋاز كېچىپ، مەھەللىگە كېلىپ ئۆزلىرى بىلەن بىرلىكتە بايرام ئۆتكۈزۈشنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى.

ئاقسۇ شەھەرلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى جاڭ چياڭ يۈبىڭ قاتارلىق سوۋغاتلارنى ئېلىپ تۇغقىنى پاتىگۈلنى يوقلاپ كەلدى. كۆرۈشۈپلا جاڭ چياڭ پاتىگۈلدىن: ھازىر كىيىم ـ كېچەك زاۋۇتىدا قانداقراق ئىشلەۋاتىسىز، بىر ئايدا قانچىلىك مائاش ئالالايسىز؟ بۆرەككە سۇ يىغىلىپ قېلىش كېسىلىڭىزنى داۋالاتقاندىن كېيىن، سالامەتلىكىڭىزنىڭ ئەسلىگە كېلىشى قانداقراق؟ ھازىر ئائىلىڭلەردە قانداق قىيىنچىلىقلار بار، بالىلارنىڭ ئۆگىنىشى قانداقراق؟ دەپ ئەھۋال سورىدى.

پاتىگۈلنىڭ ئېرى تۆت يىل ئىلگىرى كېسەل سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كەتكەچكە، ئىككى بالىسىنى ئۆزى يالغۇز باقاتتى. تۇغقىنىنىڭ ھەر قېتىم كېلىپ ھال ـ ئەھۋال سوراپ، ياردەم قىلىپ قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىپ بەرگەنلىكىنى كۆرگەن پاتىگۈل ئىنتايىن ھاياجانلىنىپ مۇنداق دېدى: «بۇلتۇر سىز ماڭا ياردەملىشىپ كىيىم تىكىدىغان خىزمەت تېپىپ بەرگەندىن كېيىن، تېخنىكام بارغانسېرى پىشىپ يېتىلدى، مائاشىم ئۆسۈپ 3000 يۈەن ئەتراپىغا يەتتى. ئالدىنقى قېتىم دوختۇرخانىدا ياتقىنىمدا سىز ماڭا ياردەم قىلىپ دوختۇرخانىدا يېتىپ داۋالىنىش پۇلىنى تۆلەپ قويدىڭىز، سالامەتلىكىم ئىلگىرىكىدىن كۆپ ياخشى بولۇپ كەتتى. مەن بۇنىڭدىن كېيىن جەزمەن تېخىمۇ تىرىشىپ خىزمەت قىلىپ، ئىككى بالامنى ياخشى تەربىيەلەيمەن».

بۇ كۈنى، بۇرچىن ناھىيەسى قوستىق بازىرى قارادۆڭ كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى سېرىكبول دوربوتقاننىڭ ئۆيىدە، ئىككى بالا خۇشال ھالدا يېڭى ئويۇنچۇق ئويناۋاتاتتى، ئۈستەلگە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتى ئېلىپ كەلگەن يۈبىڭ، گۈرۈچ، ئۇن، ياغ قاتارلىق ھال سوراش بۇيۇملىرى قويۇلغانىدى، بۇرچىن ناھىيەلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ قارادۆڭ كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى، 1 ـ شۇجى ۋاڭ گاڭ سېرىكبول بىلەن يېقىن ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىۋاتاتتى.

«سىز ھازىر بازاردىكى باقمىچىلىق ھەمكارلىق كوپېراتىپىدا باقمىچى بولدىڭىز، ھەر ئايدا 3000 يۈەنگە يېقىن كىرىم قىلىدىكەنسىز، بۇ يىل چارۋىلىرىڭىزنى پاي قوشۇپ 3000 يۈەن پايدا ئايرىلىپتۇ، خوتۇنىڭىز ئالدىنقى ئايدا ئىشلەمچىلىك قىلىپ 2500 يۈەن كىرىم قىلىپتۇ... بۇنداق بولغاندا ئائىلىڭلەرنىڭ بۇ يىلقى كىرىمى خېلى كۆپ بولۇپتۇ!» دېدى ۋاڭ گاڭ سېرىكبولغا ياردەملىشىپ كىرىمنى ئاشۇرۇش ھېساباتى قىلىپ بەرگەچ.

سېرىكبول مىننەتدارلىق بىلەن مۇنداق دېدى: «بۇ يىلنىڭ بېشىدا، ۋاڭ شۇجى ماڭا ياردەملىشىپ كىرىم ـ چىقىم ھېساباتى قىلىپ بەردى، ئائىلىمىزنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇشى ئۈچۈن يېڭى يول تېپىپ بېرىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش، كىرىمنى ئاشۇرۇش جەھەتتىكى قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشىمىزغا ياردەم بەردى، بۇ يىلقى كىرىمىمىز بۇلتۇرقىدىن بىر ھەسسىدىن كۆپرەك ئاشتى!»

### ■ مول ھوسۇللۇق يىلنى بىرلىكتە تەبرىكلەش

بۇ يىلقى جۇڭچيۇ بايرىمىدا، قاغىلىق ناھىيەسىنىڭ تۆگىچى يېزىسى قۇمبا كەنتى بىر چوڭ سوۋغا تاپشۇرۇۋالدى: شىنجاڭ داشۆنىڭ قۇمبا كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتى ئالدىنقى باسقۇچتا ئىلتىماس قىلغان، ئاپتونوم رايوننىڭ پەن ـ تېخنىكا خاس ۋەكىلى تۈرىدىن پايدىلىنىپ سېتىۋالغان ياڭاق پوستىنى ئاقلاش ماشىنىسى كەنتتە قۇرۇلغان زاۋۇتتا ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتى ماشىنىدا مەشغۇلات قىلىدىغان مەخسۇس ئادەم تەربىيەلەپ، ئۇزاق مۇددەت كەنت ئاھالىلىرىنى قىيناپ كېلىۋاتقان ياڭاق پوستىنى ئاقلاش ۋە تازىلاش مەسىلىسىنى ھەل قىلدى.

ياڭاقچىلىق قۇمبا كەنتىنىڭ تۈۋرۈك كەسپى، بۇ يىل قۇمبا كەنتى يەنە ياڭاقتىن مول ھوسۇل ئېلىنغان بىر يىلنى كۈتۈۋالدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، پاختا تېرىش پەسلىنىڭ يېتىپ كېلىشىگە ئەگىشىپ، كەنتتىكى نۇرغۇن ياش ـ ئوتتۇرا ياش ئەمگەك كۈچلىرى سىرتقا چىقىپ پاختا تېرىپ پۇل تاپىدىغان بولغاچقا، ئۇلار جەزمەن ۋاقىت بىلەن بەسلىشىپ، سىرتقا چىقىشتىن ئىلگىرى ياڭاقنىڭ پوستىنى ئاقلاش ۋە تازىلاش خىزمىتىنى تاماملىشى كېرەك ئىدى. ياڭاق پوستىنى ئاقلاش ماشىنىسىنىڭ كېلىشى بىلەن كەنت ئاھالىلىرى نۆۋەتتىكى دېھقانچىلىق ئىشلىرىنى بىمالال تاماملىيالايدىغان بولدى.

«جۇڭچيۇ بايرىمى دەل كۈزلۈك يىغىمنىڭ ئالدىراش پەيتىگە توغرا كەلدى، بىز كەنت ئاھالىلىرى بىلەن بىرلىكتە بايرام ئۆتكۈزۈش بىلەن بىللە، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئەمەلىي مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا ياردەم بېرىپ، ئۇلارنى زامانىۋى پەن ـ تېخنىكىدىن پايدىلىنىپ ئىشلەپچىقىرىشتىكى قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا يېتەكلەپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشتىكى ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچنى ئاشۇرىمىز» دېدى شىنجاڭ داشۆنىڭ قۇمبا كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى، 1 ـ شۇجى لى خۇۋېيەن.

بىر يىللىق مول ھوسۇل پەسلى يەنە كەلدى، جۇڭچيۇ بايرىمى خۇشال ـ خۇرام ئۆتكۈزۈلۈپ، قەلبلەر شادلىققا تولدى. 9 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، سانجى شەھەرلىك خەلق ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ ئېرلىيۇگۇڭ بازىرى شىيالىيۇگۇڭ كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتى بۇ كەنتنىڭ مەدەنىيەت مەيدانىدا بىر مەيدان «يېزا» پۇرىقى يېتەرلىك بولغان تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۇيۇشتۇردى، كادىرلار، ئامما جۇڭچيۇ بايرىمىنى بىرلىكتە ئۆتكۈزۈپ، مول ھوسۇل يىلىنى ئورتاق تەبرىكلىدى.

پائالىيەت نەق مەيدانىدا، 120دىن ئارتۇق كەنت ئاھالىسى كاۋا يۆتكەش، تاۋۇز توشۇش، كۆممىقوناق كۆتۈرۈش، ئەپكەشتە كۆچ ئۇلاش قاتارلىق نۇرغۇن تۈرلەر بويىچە مۇسابىقىلەشتى. مۇسابىقە تۈرلىرى «ئاممىغا يېقىن»، ئىنتايىن قىزىقارلىق بولغاچقا، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. قالتىس مۇسابىقىدىن كۆپچىلىك تېلىقىپ كۈلۈپ، بەس ـ بەستە يان تېلېفونلىرىنى چىقىرىپ سۈرەتكە تارتىپ دوستلىرىغا يوللاشتى. سانجى شەھەرلىك خەلق ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ شىيالىيۇگۇڭ كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى، 1 ـ شۇجى پۇ خەيجۈن مۇنداق بىلدۈردى: كەنتتىكى ئەر ـ ئايال، قېرى ـ ياشنىڭ ھەممىسىنى پائالىيەتكە قاتناشتۇرۇپ، بايرام كەيپىياتىنى جانلاندۇرۇش، شۇنداقلا كەنت ئاھالىلىرىنى بىر يەرگە جەم بولۇپ، كىرىمنى ئاشۇرۇش، بېيىشنىڭ يېڭى يوللىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش ۋە پىكىر ئالماشتۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، بۇ پائالىيەتنى قانات يايدۇردۇق.

**(مۇخبىرلىرىمىز جاڭ جىلى، گې يوۋجۈن، جاڭ تىڭ، جاڭ رۇيلىن، پەرىزات، رايىدە، ئىختىيارىي مۇخبىرلىرىمىز ۋېي لىخۇا، لياڭ خۇڭتاۋ، ۋاڭ چېن، شۇسۇ مىڭياڭ يازغان)**

# شىنجاڭ كۆپ خىل تەدبىرلەر ئارقىلىق ئوتلاق، چارۋىچىلىق كەسپىنىڭ تىپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى ئالغا سىلجىتتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ تۈرتكىسىدە، ئۇنىڭ ئائىلىسى كىچىك چارۋىنى چوڭ چارۋىغا ئالماشتۇرۇپ، چوڭ چارۋىنىڭ نەسلىنى ياخشىلاپتۇ، ھازىر نەسىللىك كالىسىدىنلا ئۈچ ـ تۆت خىلى بار ئىكەن، «بۇ كالىلار يەرلىك كالىلاردىن تېز چوڭىيىدۇ، قوتاندىن بالدۇر چىقىدۇ، نەسلى ياخشى، ھەربىر كالىنىڭ يىللىق ساپ كىرىمى 5000 ـ 4000 يۈەنگە يېتىدۇ».

بۈگۈنكى كۈندە، شىنجاڭدا ئوتلاق، چارۋىچىلىق رايونىنى كېزىپ يۈرۈپ، تۆت پەسىلدە ئوتلاق يۆتكىلىپ، ھەممىلا يەردە يادا باقىدىغان ئەھۋال ئازايماقتا. چارۋىچىلارنىڭ ئولتۇراقلىشىشى، نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش قاتارلىق سىياسەتلەرنىڭ تېز ئالغا سىلجىتىلىشىغا ئەگىشىپ، نۇرغۇن چارۋىچى قامچىنى تاشلاپ، ئوت ـ چۆپ قوغلىشىپ كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلماستىن، بەلكى ئولتۇراقلاشتۇرۇش نۇقتىسىدا ئوت ـ چۆپ تېرىپ، قوتاندا باقىدىغان بولدى، قوي ـ كالىلار «يازدا تويۇنۇش، كۈزدە سەمرىش، قىشتا ئورۇقلاش، ئەتىيازدا ئۆلۈش»تەك قىسمەتتىن قۇتۇلدى، چارۋىچىلىق يىرىك باقمىچىلىقتىن تۈجۈپىلەپ باشقۇرۇشقا قاراپ ئۆزگەردى.

«ئوت ـ چۆپ قوغلىشىپ ئولتۇراقلىشىۋاتقان بىر قىسىم چارۋىچىلارمۇ يەنە ھۆكۈمەت بېكىتكەن ئوتلاق بىلەن چارۋىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇپ باشقۇرۇش چارىسى بويىچە، ئوتلاققا قاراپ چارۋا بېكىتىش ئارقىلىق چارۋا سىغىمچانلىقىنى قاتتىق تەكشۈرۈپ بېكىتىپ، بەلگىلەنگەن چارۋا سىغىمچانلىقى سانى كۆلىمىگە ئاساسەن تاغقا ئېلىپ چىقىپ يايلاتتى.» بۇرۇلتوقاي ناھىيەلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى نۇربېك رىيزابېك مۇنداق دېدى: دىققەتنى زامانىۋى چارۋىچىلىق كەسپىنىڭ تەرەققىياتىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئىلمىي رېتسېپ بىلەن بېقىش، ئىلمىي نۆۋەتلەشتۈرۈپ بېقىشنى كېڭەيتىش، زامانىۋى چارۋىچىلىق كەسپى ئۆلگىلىك بازىسى بەرپا قىلىشتىن باشقا، ناھىيەدە يەنە سودىگەر چاقىرىش، يېزىلاردا ۋاكالەتچى يېتىلدۈرۈش قاتارلىقلار ئارقىلىق دېھقان ـ چارۋىچىلارنى باقمىچىلىق ھەمكارلىق كوپېراتىپى قۇرۇشقا يېتەكلەپ، چارۋىچىلىق ئائىلىلىرى چارۋا، ئوتلاق، ئەمگەك كۈچى قاتارلىقلارنى پاي قىلىپ قوشۇش تەدبىرىنى قوللىنىپ، چارۋىچىلىق كەسپى بايلىقىنى بىرلەشتۈردى.

بۇرۇلتوقاي ناھىيەسىگە ئوخشاشلا، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان شىنجاڭدىكى ھەرقايسى جايلار ئەنئەنىۋى چارۋىچىلىق كەسپىنى سىجىل ئۆزگەرتىپ، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ، زامانىۋى چارۋىچىلىق كەسپىدە يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىپ، تەدرىجىي يېشىل ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات يولىغا مېڭىپ، چارۋا توپى ـ چارۋا تۈرى قۇرۇلمىسى مۇۋاپىق بولغان، ئۈچ كەسىپ يۇغۇرما تەرەققىي قىلغان زامانىۋى چارۋىچىلىق كەسپى يېڭى ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈرمەكتە.

مۇخبىرنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىكى ـ يېزا نازارىتى چارۋىچىلىق، مال دوختۇرلۇق ئىدارىسىدىن ئىگىلىشىچە، نۆۋەتتە شىنجاڭ يېشىل ئىمكانىيەتلىك سىجىل زامانىۋى چارۋىچىلىق كەسپىنىڭ تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىشنى تېزلىتىپ، چارۋىچىلىق كەسپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ، چارۋا ـ ئۆي قۇشلىرىنىڭ نەسلىنى ئەلالاشتۇرۇپ، چارۋا ـ ئۆي قۇشلىرىنى كۆلەملەشتۈرۈپ بېقىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈۋېتىپتۇ. زامانىۋى سۈتچىلىك كەسپىنىڭ تەرەققىياتى، چوشقا، ئۆي قۇشلىرى كەسپىنىڭ تەرەققىياتى، يېشىل ئورگانىك كالا، قوي گۆشلىرى كەسپىنىڭ تەرەققىياتى، ئات كەسپىنىڭ تەرەققىياتىنى پائال ئالغا سىلجىتىش بىلەن بىللە، زامانىۋى چارۋىچىلىق كەسپىدىكى يېڭىچە ئىگىلىك باشقۇرۇش سۇبيېكتلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى يۆلەپ، چارۋا ـ ئۆي قۇشلىرى باقمىچىلىقىدىكى تاشلاندۇقلارنى بايلىققا ئايلاندۇرۇپ پايدىلىنىش، ئوتلاق ئېكولوگىيە مۇكاپاتى تولۇقلىمىسى قاتارلىق مۇھىم، زور قۇرۇلۇشلارنى يولغا قويۇپتۇ.

# ئاپتونوم رايونىمىز يېزا ئىگىلىكى بىلەن ساياھەتچىلىكنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئايلاندۇرۇشتىن ئىبارەت ئاچقۇچلۇق ھالقىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، خاس يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى، ساياھەت تاۋارلىرىنى ئېچىش سالمىقىنى ئۈزلۈكسىز زورايتتى. ھازىرغا قەدەر، پۈتۈن رايون بويىچە «ئۈچ مەھسۇلات، بىر بەلگە»سى بار يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتىدىن جەمئىي 1927سى بار بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە داڭلىق، ئالاھىدە، ئەلا، يېڭى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلگىنى 30، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش كارخانىسى 13 مىڭدىن ئاشىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا ئىگىلىكنى كەسىپلەشتۈرۈشتىكى نۇقتىلىق باشلامچى كارخانا 500 بولۇپ، 85%تىن كۆپرەك كارخانا خاس يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى، ساياھەت تاۋارلىرىنى ئاچىدۇ، ئىشلەپچىقىرىدۇ، 2013 ـ يىلدىن 2016 ـ يىلغىچە باھالاپ چىقىلغان «شىنجاڭ سوۋغىسى» ئىچىدە 90%تىن كۆپرەكى خاس يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتى.

نۆۋەتتە ئاپتونوم رايونىمىزدا ئاشلىق، پاختا، خاس باغ ـ ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە رايون خاس دېھقانچىلىقىدىن ئىبارەت بەش چوڭ يېتەكچى كەسىپ شەكىللەندى. بۇنىڭ ئىچىدە، پاختا ھوسۇلى پۈتۈن مەملىكەت ئومۇمىي ھوسۇلىنىڭ 83.8%ىنى ئىگىلەيدۇ، پىششىقلانغان پەمدۇر، زاراڭزا، قۇلماق، ئالقات ھوسۇلى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا پۈتۈن مەملىكەت ئومۇمىي مىقدارىنىڭ 90%، 80%، 70%، 50%ىنى ئىگىلەيدۇ، ئۈزۈم، چىلان ئۆستۈرۈش كۆلىمى ۋە ھوسۇلى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە 1 ـ ئورۇندا تۇرىدۇ، ياڭاق ھوسۇلى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە 2 ـ ئورۇندا تۇرىدۇ، ئۈزۈم ھارىقى ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئالتىدىن بىر قىسمىنى ئىگىلەيدۇ، خاس چارۋا ـ ئۆي قۇشلىرىنىڭ تۈرى مول، كالا، قوي گۆشى قاتارلىق چارۋا مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتى ئەلا.

ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىكى ـ يېزا نازارىتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، نازىر قارىقىن قابدۇكېرىم مۇنۇلارنى بىلدۈردى: بۇنىڭدىن كېيىن، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ھەرقايسى جايلارنى خاس يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى، ساياھەت تاۋارلىرىنى ئېچىش سالمىقىنى زورايتىشقا يېتەكلەپ، يېزا ئىگىلىكى بىلەن ساياھەتچىلىكنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىشنى تېزلىتىپ، ئېكولوگىيە بايلىقى ئەۋزەللىكى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ئەۋزەللىكى، تارىخىي مەدەنىيەت ئەۋزەللىكى ۋە مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت ئەۋزەللىكىدىن تولۇق، ياخشى پايدىلىنىپ، «ياخشى تېرىش» «ياخشى پىششىقلاش» «ياخشى سېتىش»تىن ئىبارەت ئۈچ ئىشنى مۇكەممەل ياخشى قىلىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كەسىپ زەنجىرىنى ئۇزارتىپ، مەھسۇلات مەزمۇنىنى بېيىتىپ، تىرىشىپ كۆلەم، سۈپەت، سۈپەتلىك ماركا ۋە سېتىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئومۇميۈزلۈك دەرىجىنى ئۆستۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرىمىز.